
# رامىزاندىكى پەزىلەتلىك
# ئەمەللەر



مەنبە: رياض الجنة للأطفال

# (1)
# روزا تۇتۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىلىرىنىڭ روزىدىن باشقا بارلىق ئەمەللىرى ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەمما روزا مەن ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئۆزۈم بېرىمەن.



(2)

# تاراۋىھ نامىزى ئوقۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمكى رامىزاندا ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ كېچىلىك ناماز ئوقۇسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.



## (3)
# سەدىقە-ئېھسان قىلىش

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخى كىشى ئىدى، رامىزاندا تېخىمۇ سېخىلىشىپ كېتەتتى.)

مەن كەمبەغەلگە كەمتەرلىك ۋە مېھىر- مۇھەببەت بىلەن ياخشىلىق قىلىمەن. ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىل نەرسىدىن سەدىقە-ئېھسان قىلىمەن .



# (4)
# قۇرئان ئوقۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىق ئون ياخشىلىققا باراۋەر بولىدۇ، مەن (ئەلىف، لام ، مىم) نى بىر ھەرپ ھېسابلىمايمەن. ئەمما ئەلىفنى بىر ھەرپ، لامنى بىر ھەرپ ۋە مىمنى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلايمەن.







ئۆمەر سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇۋاتىدۇ.
ئۇ قانچە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ؟
ھېسابلاپ بېقىڭلارچۇ؟

# ئىتكاپ قىلىش

ئائىشە_ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن_ بىر ھەدىستە مۇنداق نەقىل قىلغان:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات تاپقانغا قەدەر ھەر يىلى رامىزانىڭ ئاخىرقى
ئون كۈنىدە ئىتكاپ قىلاتتى.


ئىتكاپ دېگەن نېمە؟

ئىتكاپ دېگىنىمىز، بارلىق بىھۇدە ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، مەسچىتتىن
ئايرىلماي ئىبادەت قىلىشتۇر.

تۆۋەندىكى رەسىملەردىن ئىتكاپتا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى بۇياپ بېقىڭ.










(6)

# قەدىر كېچىسىدە ناماز ئوقۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمىكى قەدىر كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ ناماز ئوقۇسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

☆ مەسچىتنىڭ دەرىزىلىرىگە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى تاق كېچىلەرنىڭ نومۇرلىرىنى يېزىڭ ۋە ئۇلارنى بوياپ بېقىڭ.



# (7)

# زىكىر ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

(ئۈچ تۈرلۈك دۇئا قايتۇرۇلماي ئىجابەت قىلىنىدۇ؛

ئاتا-ئانىنىڭ دۇئاسى، روزىدارنىڭ دۇئاسى ۋە مۇساپىرنىڭ دۇئاسى.)

سىز ئاللاھتىن تەلەپ قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك دۇئانى يېزىپ بېقىڭ ياكى سىزىپ بېقىڭ:

رامىزاندا دۇئا قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇڭ.

# (8)
# ئۇرۇق-تۇققانغا ياخشىلىق قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
(كىمىكى، رىزىقىنىڭ كەڭ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ۋە بەرىكەتلىك بولىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇرۇق تۇققانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن.)

سىز رامىزاندا زىيارەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىزنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېقىڭ.



# (9)
# بىھۇدە ئىشلارنى قىلماسلىق

بىھۇدە ئىشلار دېگىنىمىز؛ تائەت-ئىبادەتتىن يىراقلىشىش ، ۋاقىتنى پايدىسىز ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلىش دېمەكتۇر.
دوستلىرىمىز ئويۇن-تاماشانى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما ئەزاننى ئاڭلىغاندا نامازغا ماڭىدۇ.

دوستلار ئەزاننى ئاڭلىغاندا قەيەرگە بارىدۇ؟



# (10)

# گۈزەل ئەخلاق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:


سىلەردىن قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ يېقىن بولىدىغان كىشى ئەخلاقى گۈزەل، كىچىك پېئىل، چىقىشقاق ۋە يېقىملىق كىشىلەردۇر.



## (11)

# زۇھۇرلۇق يېيىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
(زۇھۇرلۇق يەڭلار، زۇھۇرلۇقتا بەرىكەت بار.)



سىزىپ بۇياپ بېقىڭ:

زۇھۇرلۇقتا نېمە يەيسىز؟

(12)

# سەبىر قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
كىمكى رامىزاندا ئاللاھقا ئىشىنىپ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.


ساۋاب ئۈمىد قىلىش دېگىنىمىز: روزىنىڭ جاپاسىغا چىداپ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن روزا تۇتۇشتۇر. سىزنىڭچە، تۆۋەندىكى كىچىك دوستلاردىن قايسى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتقاندۇ؟



روزا ئەخلاقىمنى گۈزەل قىلىدۇ.



قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. ئەھۋالىم ناچار.



ھاھاھا. . . . قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.



مەن ئانامغا ئىپتارلىق تەييارلىشىپ بېرىمەن.

# (13)

# روزىدارنى ئىپتارلىتىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

كىمكى، روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، روزىدارغا ئوخشاش ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

ئۇنىڭ ساۋاپقا ئېرىششى روزىدارنىڭ ساۋابىنى كەمەيتىۋەتمەيدۇ.

مەريەم كىمنى ئىپتارلىتىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتىدۇ، سىزچە ئۇ كىمنى ئىپارلىتىدۇ؟ ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بۇياپ بېقىڭ.




رامىزاندىكى پەزىلەتلىك ئەمەللەر

# (14)

# ناماز ئوقۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
چوڭ گۇناھ قىلمىغان تەقدىردە، بەش ۋاقىت ناماز، جۇمە نامىزى
كىلىدىغان جۈمەگىچە، رامىزان كىلىدىغان رامىزانغىچە
ئارلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ.

جەينامازنى نەقىشلەپ بۇياپ بېقىڭ.
سىز جايىنامىزىڭىزغا خۇش پۇراق ئەتىر چاچامسىز؟




(15)


## نىيەتنى دۇرۇس قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:
ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق بولىدۇ.
ھەرقانداق ئىنسان نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ.
سىز كىم ئۈچۈن روزا تۇتۇپ ئاچ قېلىۋاتىسىز؟



ئانام



دادام